UG



# بارماق ئىزى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرى

603/2013-نومۇرلۇق (ياۋروپا ئىتتىپاقى) نىزامنىڭ 29 (3)-ماددىسىدىكى ئەزا دۆلەتلەردە قانۇنسىز تۇرىۋاتقان ئۈچىنچى دۆلەت پۇقرالىرى ياكى دۆلەتسىز شەخسلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار

ئەگەر دۇبلىن دۆلەتلىرى [1] نىڭ بىرەرىدە قانۇنسىز تۇرىۋاتقان بولسىڭىز هۆكۈمەت دائىرىلىرى بارماق ئىزىڭىزنى ئېلىپ ئۇلارنى «ياۋروپا ئىتتىپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرى» (ياۋروداك) غا يوللاپ بېرىدۇ. بۇ پەقەت ئىلگىرى پاناھلىق تەلەپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭىزنى بېكىتىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. بارماق ئىزى ئۇچۇرلىرىڭىز ياۋروپا ئىتتىپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرىدا ساقلانمايدۇ. ئەمما ئىلگىرى باشقا بىر دۆلەتتە سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان بولسىڭىز سىز شۇ دۆلەتكە قايتۇرىلىسىز.

ئەگەر بارماق ئىزىڭىز ياخشى ئېلىنماي قالغان بولسا ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۈملىدىن سىز غەرەزلىك هالدا بارماقلىرىڭىزنى زەخىملەندۈرىۋالغان بولسىڭىز سىزنىڭ بارماق ئىزىڭىز قايتا ئېلىنىدۇ.

«ياۋروپا ئىتتىپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرى» نى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قاراشلىق «eu-LISA» ناملىق ئورگان باشقۇرىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە دۇبلىن دۆلەتلىرىنىڭ بىرەسىدە سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسى تاپشۇرسىڭىز، سىزنىڭ بارماق ئىزىڭىز يەنە بىر قېتىم ئېلىنىدۇ ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرىغا يوللاپ بېرىلىدۇ. مەزكۇر ئامباردا ساقلانغان ئۇچۇرلار «دۇبلىن دۆلەتلىرى»گە تەۋە بولمىغان باشقا دۆلەتلەر ياكى تەشكىلاتلار بىلەن ئالماشتۇرۇلمايدۇ.

**1) بۇ پروتوكول ياۋروپا ئىتتىپاقى (ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، بۇلغارىيە، كرودىيە، سىپرۇس، چېخ جۇمهۇرىيىتى، دانىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گرېتسىيە، ۋېنگرىيە، ئېرلاندىيە، ئىتالىيە، لاتۋىيە، لىتۋا، ليۇكسېمبۇرگ، مالتا، گوللاندىيە، پولشا، پورتۇگالىيە، رومانىيە، سلوۋاكىيە، سلوۋېنىيە، ئىسپانىيە، شىۋېتسىيە، ئەنگلىيە) ۋە «دۇبلىن نىزامى» بىلەن «ئالاقىدار» تۆت دۆلەت (نورۋېگىيە، ئىسلاندىيە، شىۋېتسارىيە ۋە لىيختېنشتاين) نى كۆرسىتىدۇ.**

**© ياۋروپا ئىتتىپاقى 2014**
**بۇ ماتېرىيالنى قايتا بېسىپ تارقىتىشقا بولىدۇ. خۇسۇسىي سۈرەتلەرنى ئىشلىتىش ياكى كۆپەيتىپ بېسىش ھەققىدىكى ئىجازەت شۇ سۈرەتلەرنىڭ قانۇنىي ئىگىسى بولغان شەخسلەردىن بىۋاستە ئېلىنىدۇ.**



## ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى

**كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فېدرال ئىدارىسى (ئادرىسى)**
Bundesamt für Migration und
Flüchtlinge (BAMF)
Frankenstraße 210
90461 Nürnberg
تېلېفون: 0 943 911(0) 49+
فاكس: 10000 943 911(0) 49+
ئېلخەت: service@bamf.bund.de

**فېدرال جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى [ياۋرۇپا ئىتتپاقى بارماق ئىزى ئۇچۇر ئامبىرى (ياۋروداك) نى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ ئادرېسى]**
Bundeskriminalamt (BKA)
65173 Wiesbaden
تېلېفون: 0 55 611(0) 49+
فاكس: 12141 55 611(0) 49+
www.bka.de




**ئەگەر بىزنىڭ خادىملىرىمىز سىزنى «باشقا دۆلەتتە سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ دۆلەت سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسىغا قاراپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىسا ئۇلار سىزنى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ تەپسىلىي ئىش بېجىرىش تەرتىۋى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن ھەمدە بۇنىڭ سىزگە ۋە سىزنىڭ ھوقۇقلىرىڭىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.**